# 208210 ـ روزىدارنىڭ بەلغەمنى يۇتۇۋېتىشىنىڭ ھۆكمى توغرىسىدا

## سۇئال

سىلەر12597 ـنومۇرلۇق بۇ پەتىۋادا: روزىدار بەلغەمنى يۇتۇۋەتسە بۇنىڭ بىلەن روزىسى بۇزۇلمايدۇ چۈنكى ئۇ يېمەك ـ ئىچمەك قاتارىدىن ئەمەس دەپ بايان قىپسىلەر، لېكىن 78479 ـ نومۇرلۇق پەتىۋادا: يېمەك ـئىچمەك ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ھەرقانداق نەرسىنى يۇتۇۋەتسە، ھەتتا مېتال پۇلنى يۇتىۋەتسىمۇ شۇنداق بولىدۇ، بۇنىڭ بىلەن روزىسى بۇزۇلىدۇ دەپ بايان قىلىپسىلەر، مەن بەك ھەيران قالدىم، بۇرنىدىن چۈشكەن ماڭقا ياكى بەلغەم دېگەندەك نەرسىلەرنى قەستەن يۇتۇۋەتسە بۇنىڭ بىلەن روزا بۇزۇلامدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

## ئىخچام جاۋاپ

ئالىملارنىڭ كۈچلۈك قارىشىغا كۆرە، بەلغەمنى يۇتۇۋېتىش روزىنى بۇزمايدۇ، شۇنداقلا، ھەر قانداق بىر نەرسىنى يۇتۇۋېتىش بىلەن روزا بۇزۇلىدۇ دېگەن قائىدىگىمۇ قارشى كەلمەيدۇ، مۇبادا يۇتۇۋەتكەن نەرسە يېمەكلىك بولماستىن تاش قاتارلىق نەرسىلەر بولسا بۇنىڭ روزىغا تەسىرى بولمايدۇ.

## تەپسىلى جاۋاپ

ئالىملارنىڭ كۈچلۈك قارىشىغا كۆرە، بەلغەمنى يۇتۇۋېتىش روزىنى بۇزمايدۇ، شۇنداقلا، ھەر قانداق بىر نەرسىنى يۇتۇۋېتىش بىلەن روزا بۇزۇلىدۇ دېگەن قائىدىگىمۇ قارشى كەلمەيدۇ، مۇبادا يۇتۇۋەتكەن نەرسە يېمەكلىك بولماستىن تاش قاتارلىق نەرسىلەر بولسا بۇنىڭ روزىغا تەسىرى بولمايدۇ.

"ھاۋىل كەبىير" 3-توم 456 ـبەتتە مۇنداق كەلگەن: ئىمام شاپىئى رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: "ئەگەر تاش ياكى يېمەك بولمىغان نەرسىلەرنى يۇتۇۋەتكەن بولسا ياكى ئوكۇل ئاستۇرغان ياكى جاراھەتكە دورا قويغان بولسا، بۇ دىماغقا يېتىپ قالسا ياكى دورا ئىچىمتىپ ئۇ دىمىقىغا يەتكەن بولسا، بۇ ئىشلار ئىبسدە بولسا روزىسى بۇزۇلىدۇ، ئەگەر ئىبسدە بولمىسا، ئۇ كىشىگە ھېچ نەرسە كېرەك بولمايدۇ".

ماۋەردىي مۇنداق دەيدۇ: "بۇ توغرا قاراش، كىمكى ئۆزىنىڭ روزىدار ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، قەستەن يېمەك ـئىچمەكنى ياكى يېمەك ـئىچمەك بولمىغان تەڭگە، تاش، ياڭاق ياكى بادام دېگەندەك نەرسىلەرنى يۇتۇۋەتكەن بولسا، روزىسى بۇزۇلىدۇ مۇشۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى بىلەن ئۇ كىشىگە شو كۈنلۈك روزىنىڭ قازاسىنى قىلىش ۋاجىپ بولىدۇ، ئەگەر ئىبسدە يوق قىلىپ سالغان بولسا، ئۇ كىشى روزىدار ھېسابلىنىدۇ".

قارشلىق بولماسلىق يولى: بەلغەم دىگەن بەدەننىڭ ئىچىدە بولۇپ ، ئەسلىدە بەدەندىن پەيدا بولغان، ئەگەر ئىنسان ئۆزىدىن چىققان بەلغەمنى يۇتۇۋەتسە، ئۇ سىرتتىن بىر نەرسىنى يۇتۇۋەتكەن ھىسابلانمايدۇ، ئەمما تاش قاتارلىق نەرسىلەرنى يۇتىۋىتىپ قالسا، ئۇ ۋاقىتتا بەدەننىڭ سىرتىدىكى نەرسىنى يۇتۇۋەتكەن بولىدۇ، بۇنىڭ بىلەن روزىسى بۇزۇلىدۇ.

ئىبنى ھەبىيب مۇنداق دەيدۇ: "كىمكى بەلغەم چىقىرىپ ئاندىن كانىيىدىلا ئۇنى يۇتۇۋەتكەن ياكى كانىيىدىن ئۆزلۈپ تىلىنىڭ ئەتراپىغا كېلىپ بولغاندا يۇتۇۋەتكەن بولسا، ئۇ كىشى گەرچە خاتا ئىش قىلغان بولسىمۇ بۇنىڭغا ھىچ نەرسە بولمايدۇ، چۈنكى بەلغەم دىگەن يىمەك-ئىچمەك ئەمەس، ئۇ ئىنساننىڭ بىشىدىن چىقىدۇ.

باجى رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: " ئىبنى ھەبىيبنىڭ سۆزى: ئۇ كىشى بەلغەمنى يەردىن ئالمىدى، بەلكى ئۇ ئادەتتە تۈكرۈككە ئوخشاش ئىغىزدا يىغىلىپ قالىدۇ، تۈكۈرۈكنى يۇتۇۋەتسە ھىچ نەرسە بولمىغان بىلەن بەلغەمنى ئىغىزدىن چىقىرىۋىتىش ئىمكانىيىتى تۇرۇپ يۇتۇۋىتىش مەكروھ بولىدۇ" . [تاجىل ئىكلىل 2 -توم 426 -بەت].

بۇرنىدىكى ماڭقىنى ئىچىگە تارتىپ ئاغزىغا كەلتۈرۈپ يۇتۇۋەتكەن بولسا، كۈچلۈك قاراشتا بۇنىڭ بىلەن روزا بۇزۇلمايدۇ.

"تەبيىنۇل ھەقائىق شەرھى كۇنزۇل دەقائىق" 1 -توم 324 -بەتتە مۇنداق كەلگەن: "بۇرنىدىكى ماڭقىنى ئىچىگە تارتىپ ئاغزىغا كەلتۈرۈپ، ئۇنى قەستەن يۇتۇۋەتكەن بولسا بۇنىڭ بىلەن روزا بۇزۇلمايدۇ".

"بەھرۇر رائىق شەرھى كۇنزۇل دەقائىق" 2 -توم 294 -بەتتە مۇنداق كەلگەن: "روزىدار كىشى بۇرنىغا ماڭقا كەلگەندە ، ئۇنى ئىچىگە تارتىپ ئاغزىغا كەلتۈرۈپ قەستەن يۇتۇۋەتسە بۇنىڭ بىلەن روزىسى بۇزۇلمايدۇ، چۈنكى ئۇ تۈپرۈكنىڭ ئورنىدا بولىدۇ. ئەمما ئۇنى بۇرنىدىن ياكى ئاغزىدىن چىقىرىپ، قولىدا تۇتۇپ ئاندىن يەنە يۇتۇۋەتكەن بولسا، ئۇ كىشىگە شۇ كۈنلۈك روزىنىڭ قازاسىنى قىلىش كىرەك بولىدۇ. "ئەززەھىيرە" ناملىق ئەسەردىمۇ: "بۇرنىدىن ياكى ئاغزىدىن چىقىدىغان ماڭقا، بەلغەم ۋە تۈپرۈك قاتارلىق نەرسىلەرنى يۇتۇۋەتسە، بۇنىڭ بىلەن روزىسى بۇزۇلمايدۇ دەپ كەلگەن".

ئىلگىرىمۇ "بەلغەم، ماڭقىلارنىڭ" ئادەتتە يىرگىنىدىغان نەرسىلەردىن ئىكەنلىكى، ئىغىزدىن چىقىرىۋىتىش ئىمكانىيىتى بولغاندا ئۇنى چىقىرىۋىتىش كىرەكلىكى توغرىسىدا ئاگاھلاندۇرۇش بىرىلدى.

نۇرغۇن ئالىملار"بەلغەم، ماڭقىنى يۇتۇۋەتسە روزا بۇزۇلىدۇ" دىگەنلەرنىڭ قارشىغىمۇ رىئايە قىلىپ بەلغەم، ماڭقىلارنى يۇتىۋەتمەستىن تۈكۈرۈۋىتىش كىرەكلىكىنى بايان قىلدى، چۈنكى بۇ رىئايە قىلغىلى بولمايدىغان ئىش ئەمەس.

ھەنەفىي مەزھەبىدىكى ئەللامە شىرنبلالى رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "ئەلھۇججە" ناملىق ئەسەردە: ئىبراھىم نەخەئىيدىن: بەلغەم، ماڭقىنى يۇتۇۋەتسە قانداق بولىدۇ؟ دەپ سورالغاندا، ئۇ كىشى: ئىغىز توشقۇدەك بولمىسا، (ھەنەفىي ئالىملىرىنىڭ بىرلىككە كەلگەن قارىشىدا) روزا بۇزۇلمايدۇ دىگەن. ئەمما ئىغىز توشقۇدەك بولسا ئىمام ئەبۇ يۇسۇپنىڭ قارشىغا كۆرە روزا بۇزۇلىدۇ، ئىمام ئەبۇ ھەنىيپە رەھىمەھۇللاھنىڭ قارشىغا كۆرە روزا بۇزۇلمايدۇ.

ئىمام شاپىئى رەھىمەھۇللاھ: گەرچە روزا بۇزۇلمىسىمۇ بەلغەم ۋە ماڭقىلارنى تۆكۈرۈۋېتىش كېرەك دەيدۇ، ئەللامە ئىبنى شەھنە رەھىمەھۇللاھمۇ بۇنىڭغا ئاگاھلاندۇرۇش بەرگەن، ئۇ كىشى بەلغەم، ماڭقىلارنى تۆكۈرۈۋېتىشكە قادىر بولۇپ تۇرۇپ، يۇتۇۋېتىپ قالسىمۇ ئالىملارنىڭ بىرلىككە كەلگەن قارشىدا روزىسى توغرا بولىدۇ". [مىراقى پەلاھ شەرھى نۇرۇل ئىيزاھ 246 ـ بەت].

ھەممىدىن توغرىنى ئاللاھ تائالا ياخشى بىلگۈچىدۇر.